# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن داغدۇغىلىق ھالدا دۆلەت پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتى تارقىتىش يىغىنى ئۆتكۈزدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ سۆزىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بارلىق خادىملارنى قىزغىن تەبرىكلىدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرىگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى، جۇڭگونىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىغا قاتناشقان ۋە قوللىغان چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرگە چىن قەلبىدىن سەمىمىي رەھمەت ئېيتتى.

لى كېچياڭ مۇنداق دېدى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى قايىنام ـ تاشقىنلىققا تولدى، مۇۋەپپەقىيەتلەر شانلىق بولدى. بولۇپمۇ، دۆلىتىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىدا يەنە ئەلا نەتىجىلەر يارىتىلىپ، خەلقئارادا ئىلغار سەۋىيەگە ئىگە بىر تۈركۈم نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى، ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش چوڭقۇرلاشتى، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى سىجىل، تېز يېتىلدى. بۇ يىل بىز ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىمىز، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، پەن ـ تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى تېز ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىنى مۇۋاپىق ئارىلىقتا ساقلاش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلەيمىز.

لى كېچياڭ مۇنداق دېدى: ئاساسىي تەتقىقاتتىن ئىبارەت پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بۇ ئۇلىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. مالىيە جەھەتتىن مۇقىم قوللاشنى ئاشۇرۇپ، كارخانا قاتارلىق جەمئىيەت كۈچلىرىنى سېلىنمىنى كۆپەيتىشكە يېتەكلەپ، خىراجەت كاپالىتى، نەتىجىلەرنى باھالاش ۋە ئىختىساسلىقلارنى رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، مەغلۇبىيەتكە كەڭ قورساق بولۇپ، پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ پۈتۈن زېھنى بىلەن قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىشىنى قوللاپ، «0دىن 1گىچە» بولغان تېخىمۇ كۆپ ئىجادىي نەتىجىلەرنى يارىتىپ، «سوغۇق ئورۇندۇقتا ئون يىل ئولتۇرۇشقا رازى بولۇش»تەك كۆڭۈل قويۇپ ئىزدىنىشنى تېخىمۇ كۆپ تەقدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش كېرەك. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىدىكى جىددىي ئېھتىياجنى چىڭ كۆزلەپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ كۈچەش نۇقتىسىنى توغرا ئىگىلەش كېرەك. كەسىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكا ئۆتكەللىرىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە نەتىجىلەرنى ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىپ، تېخىمۇ كۆپ يېڭى كەسىپ، يېڭى كەسىپ ھالىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. ئېغىر، چوڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، مۇھىتنى تۈزەش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش سالمىقىنى زورايتىپ، تېخنىكىنى ئاممىغا يېقىنلاشتۇرۇش، يېڭىلىق يارىتىپ خەلققە بەخت يارىتىش كېرەك.

لى كېچياڭ مۇنداق دېدى: پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئېكولوگىيەسىنى ئەلالاشتۇرۇش كېرەك. كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىكى سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەتقىق قىلىپ ئېچىش خىراجىتىنى قوشۇپ ھېسابلاپ چىقىرىۋېتىش قاتارلىق باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ ۋە قوغداپ، كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ۋە ئارزۇسىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىشقا سىجىل تۈرتكە بولۇپ، چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار، ئالىي مەكتەپ، پەن تەتقىقات يۇرتى، ئورۇنلىرى، ئادەتتىكى ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر يۇغۇرۇلۇپ يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ـ ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات ـ قوللىنىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

لى كېچياڭ مۇنداق دېدى: پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پەن تەتقىقاتنى باشقۇرۇشتىكى «يېشىل يول» ۋە تۈر خىراجىتىنى ئىشلىتىشتىكى «ھۆددە تۈزۈمى»نى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى كېڭەيتىش كېرەك. پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى ۋە ئىختىساسلىقلارنى باھالاش چارىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ يېشى، خىزمەت ئىستاژى، ئارقا كۆرۈنۈشى، كېلىپ چىقىشى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، قابىلىيىتىگە ئاساسەن باھا بېرىپ، ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جۇلالىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىش كېرەك. ئالىملار روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، پەن ـ تەتقىقات سەممىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ياش ئىختىساسلىقلارنىڭ ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىشىغا تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت يارىتىپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. خەلقئارا يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىپ، ھەرقايسى دۆلەت پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ ئالماشتۇرۇشى، كارخانىلارنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ تەرەققىي قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خەن جېڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنداق دېدى: يېڭىلىق يارىتىش روھى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەڭ روشەن تەبىئىي تالانتى، ھەرقانداق دەۋردە كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى ئالاھىدىلىك. كەڭ پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەرنى ئۈلگە قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، شەخسىي غايىسىنى ئاڭلىق تۈردە دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئۇلۇغ ئىشلىرىغا سىڭدۈرۈشى كېرەك. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگوچە ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش يولىدا مېڭىپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لىيۇ خې يىغىندا «گوۋۇيۈەننىڭ 2019 ـ يىللىق دۆلەت پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتى تارقىتىش توغرىسىدىكى قارارى»نى ئوقۇدى.

خۇاڭ شۇخۇا، زېڭ چىڭسۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بارلىق خادىملارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلدى.

مۇكاپات تارقىتىش يىغىنى باشلىنىشتىن ئىلگىرى، شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى دۆلەت پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەم كۆپچىلىك بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

دىڭ شۆشياڭ، شۈ چىلياڭ، چېن شى، خۇاڭ كۈنمىڭ، سەي دافېڭ، شياۋ جيې، خې لىفېڭ يىغىنغا قاتناشتى.

مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى، ئارمىيەنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، دۆلەت پەن ـ تېخنىكا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، دۆلەت پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتى كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، 2019 ـ يىللىق دۆلەت پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ۋەكىللىرى ھەم ئائىلە تەۋەلىرى ۋەكىللىرى، پايتەخت پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىكى ۋەكىللەر ۋە ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى قاتارلىقلاردىن بولۇپ تەخمىنەن 3300 كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

2019 ـ يىللىق دۆلەت پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتى جەمئىي 296 تۈر ۋە 12 پەن ـ تېخنىكا مۇتەخەسسىسىنى باھالاپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىككى كىشى دۆلەت ئالىي پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ 46 تۈر دۆلەت تەبىئىي پەن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر تۈر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 45 تۈر 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ 65 تۈر دۆلەت تېخنىكا كەشپىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ تۈر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 62 تۈر 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ 185 تۈر دۆلەت پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ تۈر ئالاھىدە دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 22 تۈر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 160 تۈر 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى ئون مۇتەخەسسىسكە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلقئارا پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى مۇكاپاتى بېرىلدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

لو جاۋخۇي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: زۇڭتۇڭ ۋىن مىنىڭ تەكلىپى بىلەن رەئىس شى جىنپىڭ 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە بىرمىدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ. بۇ، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بۇ يىل تۇنجى قېتىم زىيارەتكە چىقىشى، جۇڭگو دۆلەت رەئىسىنىڭ ئارىدىن 19 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم زىيارەتكە بېرىشى بولۇپ، جۇڭگو ـ بىرما دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 70 يىللىقىغا توغرا كەلدى، بۇ، جۇڭگو ـ بىرما مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئالدىنقى ئىشلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكى ئىشلارغا يول ئېچىش، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىشتەك مۇھىم، زور، ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. بىرما جۇڭگونىڭ دوست قوشنىسى. ھازىر، ئىككى دۆلەت سىياسىي جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە ئۆزئارا ئىشىنىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە چوڭقۇر ھەمكارلىشىپ، خەلقئارا، رايون مەسىلىلىرىدە زىچ ماسلىشىپ، تارىخىي ئۇزاق «قېرىنداش»لىق مېھرىنى تېخىمۇ يېڭىلىدى، ئەلئارا بېرىش ـ كېلىشنى يۇقىرى پەللىدە يۈرۈشتۈردى. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ـ بىرما مۇناسىۋىتى ئۆزئارا ھۆرمەتلەش، ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ، چوڭ ـ كىچىك دۆلەتلەر ئارا ئىناق بىللە ئۆتۈش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلىدى. جۇڭگو تەرەپ بىرمىنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىقتا چىڭ تۇردى، بىرمىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدىشىنى قەتئىي قوللىدى. بىرما دۆلەت ئىچىدىكىلەرنىڭ تىنچ يارىشىش مەسىلىسىدە، جۇڭگو تەرەپ يارىشىشقا ئۈندەپ سۆھبەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇردى. بىرما تەرەپ تەيۋەن، شىزاڭ، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە ئىزچىل جۇڭگو تەرەپنى قەتئىي قوللىدى. بىرما «بىر بەلباغ، بىر يول» ھەمكارلىق تەشەببۇسىغا پائال ئاۋاز قوشتى ۋە قاتناشتى. جۇڭگو ـ بىرما ئىقتىساد كارىدورى ھەم چوڭ تۈرلەر ھەمكارلىقى بىرما تەرەپنىڭ لىنىيە بويىدىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، شۇ جايدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. جۇڭگو ـ بىرما تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىدا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ تەرەپچىلىكنى قوللاپ، ئەركىن سودىنى قوغداپ، ئادىل، مۇۋاپىق يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تۈرتكە بولۇشقا ئورتاق تۆھپە قوشتى. ئىككى تەرەپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، شەرقىي ئاسىيا ھەمكارلىقى قاتارلىق سورۇنلاردا بىر ـ بىرىنى قوللاپ، جۇڭگو ـ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى ئەركىن سودا رايونى قۇرۇش، رايون ئومۇمىيۈزلۈك ئىقتىساد ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى، «نەنخەي دېڭىزى ھەرىكەت ئۆلچىمى» كېڭىشىشى قاتارلىق جەھەتلەردە زىچ ماسلىشىپ ھەمكارلاشتى.

لو جاۋخۇي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: زىيارەت مەزگىلىدە، رەئىس شى جىنپىڭ زۇڭتۇڭ ۋىن مىن ئۆتكۈزىدىغان بىر قاتار دۆلەت ئىشلىرى پائالىيىتىگە قاتنىشىدۇ، دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئاۋڭشەن سۇجى بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ، ئىككى تەرەپلىمىلىك ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇراسىمى ۋە ئاۋڭشەن سۇجى ئۆتكۈزىدىغان كىچىك دائىرىلىك زىياپەتكە قاتنىشىدۇ، بىرما دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىنىڭ باش سىلىڭى مىن ئاۋڭلەي بىلەن كۆرۈشىدۇ، بىرما پارلامېنتى ۋە سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىدۇ ھەم بىرما تەرەپنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بىلەن جۇڭگو ـ بىرما دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 70 يىللىقىغا ئالاقىدار بىر قاتار تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ھەم جۇڭگو ـ بىرما مەدەنىيەت ـ ساياھەت يىلىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى قاتارلىق پائالىيەتلەرگە ئورتاق قاتنىشىدۇ. ئىككى تەرەپ يەنە قوشما بايانات ئېلان قىلىدۇ.

لو جاۋخۇي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭ بۇ قېتىم بىرمىدا زىيارەتتە بولغاندا، بىرما تەرەپ رەھبەرلىرى بىلەن مىڭ يىللىق «قېرىنداشلىق» رىشتىسى توغرىسىدا ئورتاق سۆزلىشىپ، ھەمكارلىق يېڭى سەھىپىسىنى بىرلىكتە پۈتۈپ، سىياسىي مۇناسىۋەت ئورنىنى ئۆستۈرۈپ، ئالاقىنى تولۇقلاشتۇرۇش ـ ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو ـ بىرما ئىقتىساد كارىدورى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو ـ بىرما مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ. بىرىنچى، ئىككى دۆلەت ئالاقىسىدىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ئۇلۇغ پىلانىنى تۈزۈپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى يەنىمۇ بېيىتىپ، جۇڭگو ـ بىرما تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىپ، جۇڭگو ـ بىرما مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئاچىدۇ. ئىككىنچى، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتتە ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو ـ بىرما ئىقتىساد كارىدورىنىڭ ئۇقۇم يېرىك پىلانىدىن ماھىيەتلىك قۇرۇلۇشقا ئۆتۈشكە تۈرتكە بولۇپ، كارىدورنىڭ ئۈچ ئۇچىنى تىرەك قىلىشنى ۋە ئالاقىنى تولۇقلاشتۇرۇش ـ ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم، زور تۈرلەرنىڭ پائال ئىلگىرىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىدۇ. ئۈچىنچى، مەدەنىيەت ـ ساياھەت يىلى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئادەمىيەت ئالاقىسىنى كېڭەيتىپ، ئىككى دۆلەت دوستلۇقىنىڭ خەلق رايى ئاساسىنى پۇختىلايدۇ. ئىشىنىمىزكى، ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشىشى بىلەن، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىلنىڭ باشلىنىشىدا بىرمىغا قىلغان ئابىدە خاراكتېرلىك زىيارىتى جەزمەن مۇۋەپپەقىيەتلىك، ئۇتۇقلۇق بولۇپ، جۇڭگو ـ بىرما دوستانە ئالاقىسى تارىخىدا قويۇق رەڭدار ئىز قالدۇرىدۇ.

# شى جىنپىڭنىڭ «‹ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»ىنىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «‹ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»ىنىڭ كىتابچىسى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلىدۇ.

# پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئىدىيەنى قوراللاندۇرۇشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلايلى

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

نەزەرىيە جەھەتتە سەگەك بولغاندىلا، ئاندىن سىياسىي جەھەتتە سەگەك بولغىلى بولىدۇ، نەزەرىيە جەھەتتە قەتئىي بولغاندىلا، ئاندىن سىياسىي جەھەتتە قەتئىي بولغىلى بولىدۇ. ئىدىيە بىلەن پارتىيە قۇرۇش، نەزەرىيە بىلەن پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا ئەھمىيەت بېرىش پارتىيەمىزنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ۋە شەرەپلىك ئەنئەنىسى.

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا، جەزمەن ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىرادىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك». «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئىزاھلاپ، «پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئىدىيەنى قوراللاندۇرۇشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىش»نى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزنىڭ ئىدىيە بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مۇھىم بىلىش نەزەرىيەسى ۋە مېتودولوگىيە بىلەن تەمىنلىدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمنلىك ئۈچۈن قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەش

## —— شىنجاڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرغانلىقى توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال بايان

□ **مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، جاڭ جىلى، جاڭ تىڭ، شيا چىڭ**

ئوت ـ چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن باش يازدىن شاخلار مېۋە ـ چېۋىگە تولغان كۈز پەسلىگىچە، يەنە كۈمۈش تونغا ئورالغان زىمىستان قىشقىچە بولغان سەككىز ئاي، 200 كۈندىن ئارتۇق ۋاقىتتا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، مەركەزنىڭ 6 ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى، مەركەزنىڭ 6 ـ سەييارە نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ يېتەكلىشىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇردى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى قەلبىگە نەقىش قىلىپ ئويۇپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشتە نەتىجىگە ئېرىشىش، ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتە چېنىقىش، ئىش قىلىش ـ نەتىجە يارىتىشتا مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىش، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، پاك ـ دۇرۇس بولۇشتا ئۈلگە بولۇش كونكرېت نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئەمەلىيىتىدە، كۈچلۈك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە چوڭقۇر خەلقچىللىق رىشتى بىلەن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىدى.

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)

## باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى ——

# باشتىن ـ ئاخىر ئەسلى مەقسەت ئۈيۈل تاشتەك مۇستەھكەم بولۇش، بۇرچ زىممىدە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز

1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى ئىدىيەۋى ـ سىياسىي جەھەتتىن دائىم سالامەتلىك تەكشۈرتۈپ تۇرۇشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا ئەسلى مەقسەتنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئەسلى مەقسەتنى ساقلاپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا بۇرچنى چىڭ ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، باشتىن ـ ئاخىر ئەسلى مەقسەتنىڭ ئۈيۈل تاشتەك مۇستەھكەم بولۇشى، بۇرچنىڭ زىممىدە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)